## 49030 ـ تەۋھىيدنىڭ مەنىسى ۋە تۈرلىرى

### سۇئال

تەۋھىيدنىڭ مەنىسى نىمە ؟ ۋە تۈرلىرىچۇ ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

تەۋھىيدنىڭ ئەرەب تىلىدىكى مەنىسى : ( وحَّد ، يوحِّد ) سۆزىنىڭ ھەركەتنام شەكلى بولۇپ ، ئاللاھقا بىرلىكنى مەنسۇپ قىلىش ، ھەمدە ئۇنىڭ زاتى ياكى سۈپەتلىرىدە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ياكى ئۇنىڭغا شېرىكلىشىدىغان بىرى يوق ، ۋە ئۇ يالغۇز دەپ سۈپەتلەش .

ئەرەبلەر : ۋاھىد ، ئەھەد ، ۋەھىيد دەيدۇ . ھەممىسى بىر دىگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ . شۇڭا ئاللاھ ۋاھىد دىيىلسە ،بۇ نىڭ مەنىسى : بارلىق ئەھۋالدا ئۇنىڭ شېرىكلىرى ياكى تەڭداشلىرى يوق ، دىگەن بولىدۇ . شۇڭا تەۋھىيد بولسا ئاللاھنى بىر ، ئوخشىشى يوق دەپ بىلىش . شۇڭا كىمكى ئاللاھنى مۇشۇنداق تونۇمايدىكەن ، ياكى ئۇنى بىر ، شېرىكى يوق دەپ سۈپەتلىمەيدىكەن ، ئۇنداقتا ئۇ ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشەنگۈچى ئەمەس .

تەۋھىيدنىڭ شەرئىي ئىنىقلىمىسىغا كەلسەك : ئۇنىڭ پەرۋەردىگارلىقى ، ئىلاھلىقى، ئىسىملار ۋە سۈپەتلىرىدە ھىچقانداق شېرىكى يوق دەپ ئىشىنىش .

بۇ تەۋھىيد ياكى ئەھەد ئاتالغۇسى ۋە ئۇنىڭ تۈرلەنمىلىرى مۇشۇ مەنىدە كىتاب ۋە سۈننەتتە قوللۇنۇلغان . ئۇلاردىن :

ئىبىيتقىنكى ، ئۇ بولسا بىر ئاللاھتۇر . . ..

سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر؛ ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر . [ بەقەرە( ئىنەك) : 163 ]

الله ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر، دېگۈچىلەر شەكسىز كاپىر بولدى. بىر ئىلاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئەگەر ئۇلار ئېيتىۋاتقان س￼زلىرىدىن قايتمىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىر بولغانلار (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا قالىدۇ. [ مائىدە ( داستىخان) : 73 ]

بۇ مەنىدىكى ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ .

سەھىيھۇل بۇخارىي( 7372) ، مۇسلىم( 19) دا نەقىل قىلىندىكى ، ئىبنۇ ئەبباس مۇنداق دىگەن : " پەيغەمبەر( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇئاز بىن جەبەلنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە ، ئۇ ئۇنىڭغا مۇنداق دىدى : سەن كىتاب كىشىلىرىدىن بولغان بىر خەلقنىڭ قېشىغا بارغىلىۋاتىسەن . شۇڭا سىنىڭ ئۇلارنى چاقىرىدىغان بىرىنچى نىمە ئاللاھنىڭ بىر

ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش بولسۇن . ئەگەر ئۇلار ئۇنى ئۇنى تونۇسا ، ئۇلارغا: ئاللاھنىڭ بىر كېچە-كۈندۈزدە ئۇلارغا بەش نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى ئېيتقىن . ئەگەر ئۇلار ناماز ئوقۇسا ، ئۇنداقتا ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىدە زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى ، بايلىرىدىن ئېلىنىپ كەمبەغەللىرىگە بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتقىن . ئەگەر ئۇلار بۇنىڭغا قوشۇلسا ، ئۇلاردىن ئالغىن . بىراق كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى مېلىدىن نېرى بولغىن .

سەھىيھ مۇسلىمدا ( 16) ئىبنۇ ئۇمەردىن نەقىل قىلىنىدىكى ، پەيغەمبەر( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دېگەن : ئىسلام بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلغان : ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشىنىش ، پەرز نامازنى ئادا قىلىش ، زاكات بېرىش ، روزا تۇتۇش ۋە ھەج . بۇ بارلىق تېكىستلەردىكى تەۋھىيدتىن مەقسەت –( بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ) گۇۋاھلىق سۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ، ئۇ بولسا ئاللاھ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) بىلەن ئەۋەتكەن ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتى بولۇپ ، قۇرئان ۋە ھەدىيسلەردە بۇ سۆزلەر ۋە ئاتالغۇلار كەلگەن . مۇئازدىن نەقىل قىلىنغان يۇقارقى ھەدىيسنىڭ بەزى نەقىللىرىدە : سەن ئەھلى كىتاپتىن بولغان خەلقنىڭ قېشىغا كىلسەن ، شۇڭا سەن ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلگەندە ، ئۇلارنى ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقلۇقى ۋە مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرغىن . [ بۇخاريي نەقىل قىلغان ، 1496 ]

ئىبنۇ ئۇمەرنىڭ يەنە بىر ھەدىيسىدە دېيىلىدۇكى ، پەيغەمبەر( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دېگەن : ئىسلام بەش نەرسىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان : ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ،ۋە مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش . [ ئۇنى مۇسلىم نەقىل قىلغان ، 16 ]

بۇ بولسا تەۋھىيدنىڭ بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ،ۋە مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش سۆزىنىڭ ماھىيتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . ھەمدە بۇ بولسا ئاللاھ ئىنسان ۋە جىننىڭ ھەر ئىككىلىسىگە پەيغەمبىرى بىلەن ئەۋەتكەن ئىسلام . ھەمدە ئاللاھ ھېچكىمدىن ئۇنىڭدىن غەيرى دىنغا رازى بولمايدۇ .

ئاللاھ مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى دىن بولسا ئىسلام . [ ئال ئىمران( ئىمران ئائىلىسى ) : 19 ]

كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر [ئال ئىمران( ئىمران ئائىلىسى ) : 85 ]

بۇ چۈشىنىشلىك بولغان بولسا ، يەنە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى ، ئالىملار تەۋھىدنى ئۈچ تۈرگە ئايرىدى . ئۇلار : تەۋھىيد رەبۇبىييە ( پەرۋەردىگارلىقتىكى بىرلىك) ، تەۋھىيد ئۇلۇھىييە ( ئىلاھلىقتىكى بىرلىك ) ، ۋە تەۋھىيد ئەسما ۋە سىفات ( ئىسىم ۋە سۈپەتلەردىكى بىرلىك )

پەرۋەردىگارلىقتىكى بىرلىك : ئاللاھ يارىتىش ، ھۆكۈمرانلىق ، باشقۇرۇش ، ھاياتلىق بېرىش ۋە جان ئېلىشقا ئوخشاش ۋە باشقا ئىش-ھەركەتلىرىدە بىر ۋە يالغۇز دەپ ئىشىنىش .

بۇ تەۋھىيدنىڭ كىتاب ۋە سۈننەتتىكى دەلىللىرى ناھايىتى كۆپ . ئۇنىڭ بىر قىسمىنى بىلىش ئۈچۈن 13532 - سۇئالغا قاراڭ . كىمكى ئاللاھتىن باشقا ياراتقۇچى بار ياكى ئاللاھتىن باشقا بۇ كائىناتنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان ، ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ھۆكۈمران بار دىسە ، تەۋھىيدنىڭ بۇ تەرىپىنى ئىنكار قىلغان ، ھەمدە ئاللاھنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ .

بۇرۇنقى كاپىرلار تەۋھىيدنىڭ بۇ تەرىپىنى ئومۇمەن قوبۇل قىلغان ، گەرچە ئۇلار ئۇنىڭ بىر قىسىم تەپسىلاتلىرىدا باشقىچە بولسىمۇ . ئۇلارنىڭ بۇنى ئىقرار قىلغانلىقى ھەقتىكى ئىسپاتلار قۇرئاننىڭ بىر نەچچە ئايەتلىرىدە تېپىلىدۇ :

« ئەگەر سەن ئۇلاردىن: ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى، كۈننى ۋە ئاينى كىم (بەندىلەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن) بويسۇندۇردى؟ دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: الله دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئۇلار قانداقمۇ (الله نىڭ ئىبادىتىدىن) باش تارتىدۇ! . »

[ ئەنكەبۇت( ئۆمۈچۈك) : 61 ]

« ئەگەر سەن ئۇلاردىن: بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن ئ�لگەن زېمىننى تىرىلدۈرگەن كىم؟ دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم الله دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئېيتقىنكى، (سىلەرگە قارشى پاكىتلار بار بولغانلىقتىن) جىمى ھەمدۇسانا الله غا خاستۇر، بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇ س�زلىرىدىكى زىددىيەتنى) چۈشەنمەيدۇ .»

[ ئەنكەبۇت( ئۆمۈچۈك) : 63 ]

ئەگەر سەن ئۇلاردىن ئۇلارنى كىم خەلق ئەتكەنلىكلىرىنى سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم؟ الله دەيدۇ، ئۇلار قانداقمۇ (الله غا ئىبادەت قىلىشتىن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ .» [ زۇخرۇف( ئالتۇن بىزەكلەر) : 87 ]

بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ شۇنى بايان قىلىدۇكى ، كاپىرلار ئۇنىڭ ياراتقۇچى ، پادىشاھ ، ۋە تىزگىنلەپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىدۇ . بىراق شۇنداقتىمۇ ، ئۇلار يالغۇز ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلمايدۇ . بۇ ئۇلارنىڭ زۇلۇمىنىڭ كاتتىلىقى ، يالغانچىلىقىنىڭ قاتتىقلىقىنى ، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەقىل-ئىدراكىنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

شۇڭلاشقا ، كىمكى بۇ تەۋھىيدنى ھەقىقەتەن ئېتىراپ قىلسا ، ئۇ ھەم جەزمەن ئاللاھنىڭ ئىلاھلىقتىكى بىرلىكلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك .

ئىلاھلىقتىكى بىرلىك : بۇ بولسا سۆز بولسۇن، ئىش-ھەركەت بولسۇن ئىچكى ۋە تاشقى بارلىق ئىبادەتلەرنى يالغۇز ئاللاھقىلا بېغىشلاشنى ، ھەمدە ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق نىمىگە ،ئۇنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئىبادەت قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ .

ئاللاھ مۇنداق دىگەن : پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىشىڭغا ھۆكۈم قىلدى . [ ئىسرا( كېچىدە سەپەر قىلىش ) : 23 ]

ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار ھەمدە ئۇنىڭغا ھىچنىمىنى شىرىك قىلماڭلار .

[ نىسا( ئاياللار): 36 ]

ئۇنى بەندىنىڭ بارلىق ئىش-ھەركەتلىرىنى پەقەت ئاللاھقىلا بېغىشلاش دەپ تونۇش مۇمكىن .

ئۇنىڭ تەھىيد ئۇلۇھىييە(ئىلاھلىقتىكى بىرلىك) دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەپ ، ئۇ تەئەللۇھ لىلاھ سۆزىدىن شەكىللەنگەن . يەنى ئاللاھقا مۇھەببەت ۋە ئۇلۇغلاش بىلەن ئىبادەت قىلىش .

ئۇ يەنە تەۋھىيد ئىبادەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ ، چۈنكى بەندە ئاللاھقا ئۇ بۇيرىغاننى قىلىش ، ئۇ چەكلىگەندىن ساقلىنىش ئارقىلىق ئىبادەت قىلىدۇ .

ئۇ يەنە تەلەپ ، مەقسەت ۋە ئىرادىدىكى بىرلىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ . چۈنكى بەندە پەقەت پاك ئاللاھنىڭ يۈزىنىلا ( رازىلىقىنىلا) ئىزدەيدۇ ، مەقسەت قىلىدۇ ۋە ئىرادە قىلىدۇ-دە ، ئاللاھقا دىننى ساپ ئۇنىڭغىلا قىلغان ھالدا ئىبادەت قىلىدۇ .

مانا بۇ تۆر بولسا ئىنسانلار ئۇ ھەقتە ئىزىپ كىتىۋاتقان ھەمدە ئۇ سەۋەپلىك پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلگەن ، كىتاپلار چۈشۈرۈلگەن تەۋھىيد . مانا مۇشۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئالەم يارىتىلغان ۋە قانۇن–شەرىئەتلەر بىكىتىلگەن ، ھەمدە ئۇ ھەقتە پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ خەلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا بەس–مۇنازىرىلەر پەيدا بولغان . شۇنىڭ بىلەن ، كاجلار ھالاك بولغان ۋە ئىشەنگۈچىلەر قۇتقۇزۇلغان .

كىمكى بۇ تەۋھىيد ھەققىدە ئازىدىكەن ، مەسىلەن ، ئىبادەتنىڭ بىر قىسمىنى ئاللاھتىن باشقا بىرىگە بىغىشلايدىكەن ، ئۇنداقتا ئۇ ئىسلام چىگىرسىدىن چىقىپ كەتكەن ھەمدە توغرا ئىتىقادتىن يىراقلاشقان بولىدۇ . ئاللاھتىن سالامەتلىكنى سورايمىز .

ئىسىملار ۋە سۈپەتلەر تەۋھىيدىگە كەلسەك : ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرىنى ئىتراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭغىلا مەنسۇپ قىلىش ، ھەمدە ئۇنىڭ ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرىدە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھىچكىم يوق دەپ ئىشىنىش .

بۇ تەۋھىيد ئىككى پىرىنسىپنى ئاساس قىلىدۇ :

بىرىنچى : مۇقەررەرلەشتۈرۈش : يەنى ئاللاھ ئۆز كىتابىدا ئۆزىگە مۇقەررەرلەشتۈرگەن ياكى پەيغەمبىرى ( ئاللاھنىڭ تەرپىلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ئۇنىڭغا مۇقەررەرلەشتۈرگەن گۈزەل ئىسىملار ۋە يۈكسەك سۈپەتلەرنى ئاللاھنىڭ سەلتەنىتى ۋە ئۇلۇغلىقىغا لايىق دەرىجىدە بۇرمىلىماستىن ، مەنىلىرىنى ئۆزگەرتمەستىن ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىتىنى ئىنكار قىلماستىن ياكى ئۇلارنىڭ قانداقلىقىنى مۇزاكىرە قىلماستىن مۇقەررەرلەشتۈرۈش .

ئىككىنچى : ئىنكار قىلىش : يەنى ئاللاھتا ھەرقانداق ئەيىپ–نۇقسانىنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىش ھەمدە ئاللاھ ئۆزى ھەققىدە ئىنكار قىلغان كەمچىلىك سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىش . بۇنىڭ دەلىلى : ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھىچنەرسە يوق . ھەمدە ئۇ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ، كۆرۈپ تۇرغۇچى . شۇڭلاشقا ئۇ ئۆزىدە مەخلۇقاتلىرى بىلەن ھەرقانداق ئوخشاشلىقىنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلدى . ھەمدە ئۇنىڭ ئۆزىگە لايىق دەرىجىدە مۇكەممەل سۈپەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈردى . ئۇ ھەممە ئەيىپ–نۇقساندىن پاكتۇر .

[ ( الحجة في بيان المحجة 1 / 305 ) و ( لوامع الأنوار البهية 1 / 57) ] كە قاراڭ .